1.سوئال : تۆۋەندىكى كۇپلېت كىمنىڭ قايسى ئەسىرىدىن ئېلىنغان ؟

جان نېمە ، جانان نېمە ، ۋەتەن نېمە ؟

ھەر كىشىنى ئادىمى ئەتكەن نېمە ؟

يانمىسا كۆڭۈل ئۆيىدە بىر چىراغ ،

گۆش بىلەن سۆڭەك ھەمدە بۇ تەن نېمە ؟

جاۋابى : ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ :ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك " تىن ئېلىنغان .

2.سوئال :

يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،

ئۇيقۇنلىرىڭنى ياردۇ بىزنىڭ كاراپ.

يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورقىتىپ باقساڭمۇ،

ئىجاد يىللارنى قېرىتىدۇ دەپ بېرىمىز جاۋاب

مەزكۇر كۇپلېت ئېلىنغان شېئىرنىڭ ئەڭ بېشىدىكى بىرىنچى كۇپلېتىنى يادقا ئوقۇپ بېرەلەم سىز

؟

جاۋابى :ۋاقىت ئالدىراڭغۇ، ساقلاپ تۇرمايدۇ

.يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغرىسى

ئاتقان تاڭلار، ئاققان سۇلار قايتلانمايدۇ،

.يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى

3.سوئال :دېھقان بولماق تەس"ناملىق بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى ، ئاتاقلىق شائىرىمىز روزى سايىت قاچان  ۋاپات بولغان ؟

جاۋابى : خەلىق شائىرى روزى سايىت 2001-يىلى 9-ئاينىڭ 8-كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن خوتەن شەھرىدە ۋاپات بولدى .مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچى للىرى ئىلمىي جەمئىيتىنىڭ جوڭگو ئۇيغۇر مەدىنىيەت تارىخ ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيتىنىڭ مۇد رىيەت ئەزاسى ، ئاپتونۇم رايۇنلۇق تىل يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىلمىي جەمئىيتىنىڭ ،ئاپتونۇم ر ايۇنلۇق 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيتىنىڭ ئەزاسى ئىدى . خلىق شائىرى رزى سايىتنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەنئىتى ئۈچۈن زور يوقتۇش . شائىر مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن ئەل ز قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ .

4.سوئال :  ئۇئۆزىنىڭ تۈركىي تىلىغا بولغان دەسلەپكى تەسىراتىنى مۇنداق بايان قىلدى :«ئەقى ل يېشىغا قەدەم قويغىنىمدىن كېيىن ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا تەبىتىمگە بەخشەندە قىلغان غارا يىپچانلىق ، ئەستايىدىللىق ۋە مۇشكۈلاتچىلىق روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تۈركىي تىل ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم .

مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن ، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا 18 مىڭ ئالەمدىن ئارتۇق بىر ئالەم ن امايان بولدى ، مەن ئۇ يەردە توققۇز پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن بىر زىبۇ زىننەت ئاسمىنىنى كۆ ردۇم . دۇرلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ جۇلالىق بىر يۈكسەكلىك ۋە بۇيۇكلۇك خەزىنىسىنى ئۇچراتتىم ، ئ ۇنىڭ يۇلتۇزلاردىنمۇ گۈزەل گۈللەر بىلەن پۈركەلگەن گۈلشىنىگە يولۇقتۇم . ئۇنىڭ ھەرىمى ئەتراپ ىغا ئادەم ئايىغى يەتمىگەن ، غارايىباتلىرىغا ھېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەندى . ئەمما خەزىنىنى ڭ يىلانلىرى دەھشەتلىك ، گۈلشەنىنىڭ تىكەنلىرى سانسىز ئىدى .

مەن سەنەت ئەھلىنىڭ دانالىرى مۇشۇ يىلانلارنىڭ نەشتىرىدىن قورقۇپ ، بۇ خەزىنىلەردىن بەھر

نمەن بولالماي ئۆتۈپتۇ ، نەزم قوشۇنىنىڭ گۈلدەستىچىلىرى مۇشۇ تىكەنلەردىن ئېھتىيات قىلىپ ، بەزمىگە لايىق گۈل ئۈزەلمەي كېتىپتۇ ، دەپ ئويلىدىم .

مېنىڭ يۈكسەك ئىرادەم ، قورقۇش ۋە بىپەرۋالىقتىن خالىي تەبىتىم بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىشىمگە يول قويمىدى ، مەن بۇ يەرنى تاماشا قىلىپ تويمىدىم . تالانتىم لەشكەر بولۇپ ، بۇ ئالەم مەيدانىدا ئات ئويناتتى ، خىيالىم قۇش بولۇپ ، بۇ ئالەم ئاسمىنىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى .

دىلىم سەرراپ بولۇپ ، بۇ جەۋھەرلەر خەزىنىسىدىن ھېسابسىز قىممەتلىك ياقۇت ۋە دۇرلارنى ئالدى . كۆڭلۈم گۈل تەرگۈچى بولۇپ ، بۇ گۈلشەن رەيھانزارىدىن چەكسىز خۇشپۇراق گۈللەرنى يىغدىم .

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان " ئۇ " كىم ؟ ئۇنىڭ قاچان تۇغۇلۇپ قاچان ئالەمدىن ئۆتكىنىنى بىلەمسىز ؟

بۈيۈك شائىر، مۇتەپەككۇر نىزامىدىن ئەلىشىر ناۋايى مىلادى 1441-يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى .ھېرات (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى بىر شەھەر) شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن

ئەلىشىر ناۋايى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي، زامانىدىكى دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابىدۇر. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئەسەرلىرى چاغاتاي ئۇيغۇرچىسى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققى قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ..1501 -يىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى 60 يېشىدا ھېراتتا ۋاپات بولغان .

- 5.سوئال : نەۋايىنىڭ زاماندىشى ، بۈيۈك پارس – تاجىك مۇتەپەككۇرى

مۇنى ئۆزىنىڭ «خىرەدنامەئى ئىسكەندەر»( ئىسكەندەر ئەقىلنامىسى ) ناملىق داستانىدا ھەققىدە داق دەپ يازىدۇ :

تۈركىي تىلدا داغى نەقش كەلدى ئەجەب ،

ھەتتا سېھرگەرلەرمۇ باغلىدى لەب .

ئۆنداق گۈزەل نەقىش چۈشۈرگەن قەلەم ،

بېشىغا ئافىرىنلار ياغدۇرسۇن ئالەم .

كەچۈرسۇن فارسىدا گۆھەر تەرگەنلەر ،

دارى تىلىدا دۇر ، خەزىنە بەرگەنلەر .

بۇنىڭ تىلى ھەم گەر بولسا دارى ،

ماجالسىز قالاتتى ئۇلارنىڭ بەرى .

بۇ شېئىرنى يازغان مۇبارەك زاتنىڭ ئىسمى نېمە ؟ ئۇ ياق نەۋائىنىڭ زاماندېشى بوپلا قالماي يە نە نېمىسى بولغان ؟

جاۋابى :

ئابدۇراخمان جامى

(1414 - 1492)

مەشھۇر قابىل ئالىم، پەيلاسوپ، يازغۇچى مەۋلانا نۇرىدىن ئابدۇراھمان جامى ھەرات شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە "يۇسۇف - زۇلايھا"، "لەيلى ۋە مەجنۇن" قاتارلىق مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلە رنى يېزىپ شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا داڭ قازانغان. گەرچە ئۇ تاجىك بولسىمۇ ئەلىشىر نەۋائىنى ڭ بىرىنچى ئۇستازى بولغان ھەم ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى ئۈچۈ ن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

6.سوئال :

- كۆركەم ، چىرايلىق تونۇڭنى ئۆزۈڭ كىي ، تاتلىق ئېشىڭنى باشقىلارغا بەر . مېھماننى ئىززەتلەپ كۈت ،

ئۇ شۆھرىتىڭنى ھەممىگە يايسۇن !

يۇقىرىقى پارچە كىمنىڭ قايسى ئەسىرىدىن ئېلىنغان ؟ ئاپتور ھەققىدە يەنە نېمىلەرنى بىلىسىز

؟

ئۇيغۇر ئالىمى ،بۈيۈك ئىنسكىپىلۇدىك مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دۇنياغا مەشهۇر بولغان

ئەسيرى«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) دىن ئىبارەتتۇر . .مەھمۇد كاشغەرىي

خان جەمەتى ئەۋلادىدۇر.ئۇيغۇرلار ئىچىدىن قەشقەرشەھىرى قارا خانىلار ە تۇغۇلغان بولۇپ،

چىققان بۈيۈك ئالىم ، ئەدىب دۇنيا سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسىدۇر . تەقرىبەن

مىلادى 1008-يىلى توغۇلۇپ 1105-يىلى 97 يىشىدا ۋافات قىلغان. هاياتىدا نۇرغۇن تالىپ ۋە

شاگىرت يىتىشتۈرۈپ چىققان. مىلادى 1072-1074- يىللار ئارىسىدا باغداد شەھىرىدە

دۇنياۋىي بۈيۈك ئەسرى "تۈركىي تىللار دىۋانىنى " تاماملاپ چىققان . 2008-يىلى بولسا

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن "دۇنيا مەھمۇد قەشقىرى كۈنى " قىلىپ بىكىتىلىپ

چىققان .